### شى جىنپىڭ چاغاننىڭ ئالدىدا يۈننەندە تۇرۇشلۇق قىسىمنى كۆزدىن كەچۈردى، يوقلىدى

# بارلىق خەلق ئازادلىق ئارمىيە كوماندىر ـ جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى، خەلق ئەسكەرلىرى ـ زاپاس ھەربىيلەرگە چاغانلىق بەخت تىلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ چېگرا مۇداپىئە بىرىنچى سېپىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، سىن ئارقىلىق ئالاقىدار قىسىملاردىن مەخسۇس ھال سورىدى. مەلۇم مىنا تازىلاش ـ پارتلاتقۇچ بىر تەرەپ قىلىش چوڭ ئەترىتى ۋەزىپە تارماق ئەترىتى «مىنا تازىلاشتىكى قەھرىمان جەڭچى» دۇ فۇگو تۇرۇشلۇق قىسىم بولۇپ، چېگرادا مىنا تازىلاش ۋەزىپىسىنى كۆپ قېتىم قالتىس تاماملىغانىدى. شى جىنپىڭ ئۇلارنىڭ مىنا يوشۇرۇن خەۋپىنى تازىلاپ، چېگرادىكى خەلقنىڭ بەختى، خاتىرجەملىكىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقانلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى بىخەتەرلىك مۇھاپىزىتىنى ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، مىنا تازىلاش ـ پارتلاتقۇچ بىرتەرەپ قىلىشنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن يەنە يېڭى تۆھپە كۆرسىتىشكە رىغبەتلەندۈردى. مەلۇم چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى چېگرا قوزۇقى ۋەزىپە ئىجرا قىلىش نۇقتىسى ئالدىدا رەتلىك تىزىلىپ تۇرۇپ، شى جۇشىغا ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىنىڭ روھىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ، جەڭگىۋارلىقىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرۈپ شى جىنپىڭ ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: كۆپچىلىك جاپا چەكتىڭلار، سىلەر چېگرانى باشقۇرۇش، چېگرانى كونترول قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جەڭ قىلىۋاتىسىلەر، بۇرچىڭلار شەرەپلىك، مەسئۇلىيىتىڭلار مۇھىم، زور بولۇپ، يۈكسەك ھوشيار بولۇش ھالىتىنى ساقلاپ، چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى زىچ تەشكىللەپ، چېگرا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى ياخشى قوغدىشىڭلار كېرەك.

قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە، شى جىنپىڭ چېگرا مۇداپىئە يېڭى ۋە مىنا تازىلاش ـ پارتلاتقۇچ بىر تەرەپ قىلىش چوڭ ئەترىتى ۋەزىپە تارماق ئەترىتىدىكى قىسمەن ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى. ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر شى جۇشىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، بەخت ۋە خۇشاللىققا چۆمدى.

1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ كۈنمىڭدا يۈننەندە تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ مۇئاۋىن شى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلىرى ۋە تۇەن دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ باش ئوفىتسېرلىرىنى سەممىمىي قوبۇل قىلدى. شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنداق كۆرسەتتى: ئۆتكەن بىر يىلدا، يۈننەندە تۇرۇشلۇق قىسىملار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەدبىر، يوليورۇقلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، مۇھىم، زور ۋەزىپىلەرنى قالتىس ئورۇنداپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، يەرلىكنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل دۆلىتىمىز ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغان يىل، شۇنداقلا ئارمىيىمىزنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ 2020 ـ يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان يىل بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ۋەزىپىلەر مۈشكۈل، ئېغىر. يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋر پارتىيەنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئارمىيەنى سىياسىي ئارقىلىق قۇرۇش، ئارمىيەنى ئىسلاھات ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرچىنى زېمىنگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى قەتئىي ئورۇنداش كېرەك.

شۇ چىلياڭ قاتارلىقلار پائالىيەتكە قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى كېسەللىك مىسالى جەمئىي 224 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان كېسەللىك مىسالى 217 (ۋۇخەن شەھىرىدە 198، بېيجىڭ شەھىرىدە بەش، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدە 14)؛ گۇمانلىق كېسەللىك مىسالى يەتتە (سىچۈەن ئۆلكىسىدە ئىككى، يۈننەن ئۆلكىسىدە بىر، شاڭخەي شەھىرىدە ئىككى، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىدا بىر، شەندۇڭ ئۆلكىسىدە بىر). ياپونىيە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان بىر كېسەللىك مىسالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى، تايلاند ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئىككى كېسەللىك مىسالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى، كورېيە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان بىر كېسەللىك مىسالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى.

يۇقۇم ئەھۋالى يۈزبەرگەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مۇھىم يوليورۇق بەردى: خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇخەن شەھىرى قاتارلىق جايلاردا يېقىندا ئارقا ـ ئارقىدىن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەردى، بۇنىڭغا جەزمەن يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك. ھازىر دەل چاغان مەزگىلى، ئادەملەر كەڭ دائىرىدە زىچ يۆتكىلىۋاتىدۇ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىنتايىن مۇھىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەم ئالاقىدار تارماقلار خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئەتراپلىق، پۇختا لايىھە تۈزۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى كۈچلەرنى تەشكىللەپ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ھەققىي ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توسۇشى كېرەك. ئاغرىقلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇپ ـ داۋالاپ، ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملىنىش ۋە تارقىلىش سەۋەبىنى تېزدىن ئېنىقلاپ، كېسەللىك مىسالىنى كۆزىتىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. يۇقۇم ئۇچۇرىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، خەلقئارا ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، ئالاقىدار سىياسەت، تەدبىرلەرنى تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تىنچ، خاتىرجەم كاتتا چاغان ئۆتكۈزۈشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى لى كېچياڭ تەستىقى يوليورۇق بەردى: ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ۋە جايلار خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىقىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاش ۋە مەركەزلىك قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ۋىرۇس مەنبەسى ۋە يۇقۇملىنىش، تارقىلىش قاتارلىق جەريانلارنى ئېنىقلاشنى تېزلىتىپ، يۇقۇم ئەھۋالى ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئۇچۇرلىرىنى ۋاقتىدا، ئوبيېكتىپ ئېلان قىلىپ، يۇقۇم مۇداپىئە بىلىملىرىنى ئىلمىي تەشۋىق قىلىش كېرەك. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى، ئالاقىدار دۆلەتلەر ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن رايونلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىشىش، ماسلىشىشنى ياخشى ئىشلەپ، زىچ ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىشى ۋە يامرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

شى جىنپىڭنىڭ يوليورۇقى ۋە لى كېچياڭنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغىغا تاقابىل تۇرۇش، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، يەرلىكنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى. خۇبېي ئۆلكىسى قاتارلىق ئالاقىدار جايلار تەۋەلىك مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەققىي ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قەتئىي ياخشى ئىشلىدى.

# ئاپتونوم رايون زىيالىيلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئۆتكەن بىر يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ زىيالىيلار ئاكتىپ ھالدا دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىپ، ئاساسىي مېلودىيەنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاكتىپ كۈچ تارقىتىپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، يېڭى دەۋر زىيالىيلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشى ۋە ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىنى نامايان قىلدى. چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ زىيالىيلارغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى، سەممىمىي ئېھتىرام بىلدۈردى ھەم چاغانلىق گۈزەل تىلەكلىرىنى تىلىدى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كەڭ زىيالىيلار جەمئىيەتنىڭ سەرخىللىرى، دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى، خەلقنىڭ پەخرى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ زىيالىيلار توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى چوڭقۇر، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمگەكنى ھۆرمەتلەش، بىلىمنى ھۆرمەتلەش، ئىختىساسلىقلارنى ھۆرمەتلەش، ئىجادىيەتنى ھۆرمەتلەش فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، كەڭ زىيالىيلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، تىرىشىپ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈش كېرەك. زىيالىيلارغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىي جەھەتتە تولۇق ئىشىنىپ، ئىدىيە جەھەتتە تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېتەكلەپ، خىزمەت جەھەتتە شارائىت يارىتىپ بېرىپ، تۇرمۇش جەھەتتە كۆڭۈل بۆلۈپ، غەمخورلۇق قىلىپ، كەڭ زىيالىيلارنى كۆڭلى ئازادە، روھلۇق ھالدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. زىيالىيلارنى مۇجەسسەملەپ، يېتەكلەپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىنتىپاقلاشتۇرۇش، يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە سىياسىي جەھەتتە قوبۇل قىلىشنى كۈچەيتىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، زىيالىيلارنى ئەڭ زور چەكتە پارتىيەنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇش، مۇجەسسەملەش كېرەك. زىيالىيلارنى كەڭ ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، پارتىيە ئىختىساسلىقلارنى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، جاھاندىكى ئىختىساسلىقلارنى توپلاپ ئىشقا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىختىساسلىقلارنى تونۇيدىغان ئۆتكۈر كۆز، ئىختىساسلىقلارنى قەدىرلەيدىغان سەممىيەت، ئىختىساسلىقلارنى ئىشلىتەلەيدىغان جاسارەت، ئىختىساسلىقلارنى سىغدۇرىدىغان كەڭ قورساقلىق، ئىختىساسلىقلارنى توپلايدىغان ياخشى ئۇسۇل ئارقىلىق، تىرىشىپ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىش، مۇجەسسەملەش كېرەك. زىيالىيلار بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ، زىيالىيلار بىلەن ئالاقىلىشىش مېخانىزمىنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، رەھبىرىي كادىرلار باشلامچى بولۇپ مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئالاقە باغلاش، باشلامچىلىق بىلەن زىيالىيلارنىڭ يېقىن دوستى، سىرداش دوستى بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيە جەھەتتىكى ئالاقە ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ كەڭ زىيالىيلارنىڭ پەن تەتقىقات، ئوقۇتۇش، ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. زىيالىيلارغا چىن كۆڭلىدىن كۆيۈنۈپ، زىيالىيلار خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئىجادىي ئەمگەككە ئىلھام بېرىپ، كەڭ زىيالىيلارنى ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن پۇرسەت بولۇش، ئىش قىلىشى ئۈچۈن سەھنە بولۇش، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن بوشلۇق بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. زىيالىيلارنى تولۇق رىغبەتلەندۈرۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئىختىساسلىقلارنى تونۇش، ئىختىساسلىقلارنى قەدىرلەش، ئىختىساسلىقلارنى ھۆرمەتلەش، ئىختىساسلىقلارنى ئىشلىتىش ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، زىيالىيلارنىڭ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشىغا پايدىلىق تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى تېز شەكىللەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش، ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، كەڭ زىيالىيلارنىڭ تالانتى ۋە ئېنېرگىيەسىنى تولۇق قويۇپ بېرىشكە دادىل يول قويۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو كەڭ زىيالىيلارنىڭ دەۋرگە يېقىندىن ئەگىشىپ، ئەسلى مەقسەتنى مەڭگۈ ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، دۆلەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، مىللەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلدى.

ئاپتونوم رايون ھەم بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن رىن خۇا، لىۋ جيەنشىن، كۇڭ شىڭلۇڭ، ياڭ يۇڭ قاتارلىقلار سۆھبەتكە قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنىڭ روھى ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، 2019 ـ يىللىق ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ھەم ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى خىزمىتى ئەسلەپ ئۆتۈلدى، خۇلاسىلەندى، 2020 ـ يىللىق نۇقتىلىق ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، ئىدىيە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ئورتاق تونۇش مۇجەسسەملىنىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار «بىر تەرەپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىر تەرەپنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى قوغداش» سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېغىر، زور بىخەتەرلىك خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ كۆچەپ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش سىستېمىسى ۋە ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك بىخەتەرلىك كاپالىتى بىلەن تەمىنلەشكە سەپەرۋەر قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 2019 ـ يىلى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش ھەم ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى قاتارلىق ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل ئادا قىلدى، تۈرلۈك ھادىسە، يوشۇرۇن خەۋپ زور دەرىجىدە ئازىيىپ، ئومۇمىي بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىدە مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەڭ قەتئىي پوزىتسىيە بىلەن بىخەتەرلىك، تەرەققىيات قىزىل سىزىقىنى چىڭ ساقلاپ، ئەڭ قاتتىق تەلەپ بويىچە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي زىممىگە ئېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار كرىزىس ئېڭىنى ھەققىي كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش، تاقابىل تۇرۇش، قۇتقۇزۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئاپەت ئەھۋالىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاپەت خەۋپ ـ خەتىرى يوشۇرۇن خەۋپىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، ئاپەت ئەھۋالى يوشۇرۇن خەۋپى سىگنالىنى دەل جايىدا ئېلان قىلىشى كېرەك. مەنبەدىن باشقۇرۇش ـ كونترول قىلىش، ئالدىنى ئېلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بىخەتەرلىك خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزەشنى ياخشى تۇتۇپ، ئېغىر، زور بىخەتەرلىك خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش تەشەببۇسكارلىق جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىشى كېرەك. قانۇن بويىچە ئالغا سىلجىتىپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئاچقۇچلۇق تۇتقا قىلىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈزۈلمە ـ مېخانىزم توسالغۇلىرىنى تۈگىتىپ، شىنجاڭچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تېزدىن ئورنىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇشقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە 13 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلاننى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاش ئۈچۈن ياخشى بىخەتەرلىك مۇھىتى يارىتىشى كېرەك. كاتتا چاغان يېقىنلىشىپ قالدى، ئاپەت، ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، جىددىي تاقابىل تۇرۇشنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك، تەرتىپلىك، ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، چاغان مەزگىلىدە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 ـ يىللىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوت مۇداپىئە خىزمىتىنى باھالاش نەتىجىسىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى خىزمىتىدىن خۇلاسە دوكلاتى بەردى.